السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال ئەمەس، پەقەت نىكاھلانغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ۋە دىنىنى تاشلاپ، مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ بۆلۈنىشىگە سەۋەپ بولغان ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال ئەمەس، پەقەت نىكاھلانغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ۋە دىنىنى تاشلاپ، مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ بۆلۈنىشىگە سەۋەب بولغان ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال ئەمەس، پەقەت ھەدىستە بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال. بىرىنچى: دۇرۇس بولغان نىكاھتىن كېيىن ئايالى بىلەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يات بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان كىشى، مۇسۇلمان بىر كىشىنى ناھەق قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ۋە ئىسلامنى تاشلاپ جامائەتنىڭ بۆلۈنىشىگە سەۋەپ بولغان كىشى، ياكى شۇلارغا ئوخشاشلار. بۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھارامدۇر. ئۇنىڭغا ئوخشاشلىرى دېگىنىمىز، ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ قىلمىشى زىناخورلارنىڭ قىلمىشىغا كىرىپ كېتىدۇ، مەھرەملىرى بىلەن زىنا قىلغانلارمۇ ئوخشاشلا ئۆلتۈرىلىدۇ. سېھرگەرلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنجى تۈرگە كىرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4714

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee